# قىز-يىگىت ساۋاقداشلارنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىنىڭ ھۆكمى

[ئۇيغۇرچە]

﴿حكم مصافحة الطالب لزميلته في المدرسة﴾

[باللغة الأويغورية ]


مۇپتى: سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى

المفتي: اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1431 – 2010

islamhouse.com

# قىز-يىگىت ساۋاقداشلارنىڭ قول ئېلىشىپ

# كۆرۈشۈشىنىڭ ھۆكمى

21608-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئوغۇللار قىز ساۋاقدىشى كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى تەڭلىسە قانداق قىلىشى كېرەك؟، يەنى كۆرۈشەمدۇ ياكى كۆرۈشمەمدۇ؟. بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ مەسىلىگە كەلسەك؛ ئەسلىدە قىز-ئوغۇللارنىڭ بىر ئورۇندا ياكى بىر مەكتەپتە ياكى بىر سىنىپتا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىشى شەرىئەتىمىزدە توغرا دەپ قارالمايدۇ. (چۈنكى قىز-يىگىتلەرنىڭ ياكى ئەر-ئاياللارنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئارىلىشىپ ئوقۇشى ياكى خىزمەت قىلىشى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە نورماللىسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دىنىمىز قىز-خانىملارنىڭ ئوقۇش ۋە خىزمەت قىلىشىغا ھېچقاچان قارشى ئەمەس، بەلكى قىز-خانىملارنىڭ ئىززەت ئابرۇيىنى قوغدىغانلىقىدىن ئۇلارنى ئەركەكلەرنىڭ يامان نىيەت ياكى زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا تەلىم-تەربىيە ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئايرىم شارائىت ھازىرلىنىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. قىز-يىگىت ياكى ئەر-

ئاياللار ئارىلىشىپ بىلىم ئېلىش ياكى خىزمەت قىلىش تۈپەيلى جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق، كىشىلىك تۇرمۇشتا نورمالسىزلىق ۋە ئائىلىدە ئىشەنچىنىڭ يوقىلىشى، نەتىجىدە مىللەتنى زالالەت ۋە ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللار بارلىققا كېلىدۇ).

سىز سورىغان سوئالغا كەلسەك؛ ساۋاقدىشى ياكى خىزمەتدىشى بولسىمۇ بىر مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئۆزىگە يات بولغان قىز-خانىملار بىلەن گەرچە ئۇ كۆرۈشكىلى قولىنى تەڭلىگەن ھالەتتىمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى توغرا ئەمەس. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاياللاردىن بەيئەت ئالىدىغان ۋاقىتتا ئۇلارغا: «مەن ئاياللارنىڭ قولىنى تۇتۇپ بەيئەت ئالمايمەن» دېگەن. [تىرمىزى رىۋايىتى].

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھېچقانداق يات ئاياللارنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىدى، ئاياللاردىن ئاغزاكى بەيئەت ئالاتتى». [بۇخارى رىۋايىتى].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە-الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە-رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر». [سۈرە ئەھزاب 21-ئايەت].

ئاياللارنىڭ مەھرەم بولمىغان يات كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى ھەر ئىككى تەرەپنى پىتنىگە سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ۋە دىنىمىزدا چەكلىگەن ئىشلاردىن قول ئۈزۈشى لازىم بولىدۇ.

سالاملىشىش ۋە ئەھۋال سورىشىشقا كەلسەك؛ شەرئى بەلگىلىمە بويىۇنچە، پىتنىدىن خالى، يالغۇز ئايرىم تۇرماستىن، ھىجاب بىلەن، نورمال سۆزلەر بىلەن بولسا بولىدۇ(يەنى ئەركىشىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدىغان غىلجىڭ سۆزلەر بولماستىن). بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر، سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، (گۇماندىن خالى) ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار». [سۈرە ئەھزاب 32-ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ ئاياللار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا سالام قىلاتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرنى سورايتتى.

قىز-خانىملار ئۆزىگە مەھرەم بولالايدىغان ئەركەكلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە بولىدۇ. مەسىلەن: دادىسى، ئاكا-ئىنىلىرى، تاغىلىرىغا ئوخشاش تۇغقانلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە بولىدۇ.

توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.